# ھەممە بىر نىيەتتە خىرىسقا تاقابىل تۇرۇش ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ يۇقۇمغا قارشى جەڭ قىلىش

(بېشى 1 - بەتتە)

ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەرمۇ ھەرىكەتكە كەلدى ——

نۆۋەتتە، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە 30 ئۆلكە ئېغىر، زور تاسادىپىي ئاممىۋى سەھىيە ۋەقەسىگە قارىتا جىددىي ئەھۋاللارغا تاقابىل تۇرۇش 1 - دەرىجىلىك لايىھەسىنى يولغا قويغانلىقىنى، ئەڭ قاتتىق ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرىنى يولغا قويغانلىقىنى جاكارلىدى:

ئەنخۇي، خېنەن قاتارلىق جايلاردىكى سەھىيە تارماقلىرى پۈتۈن سىستېما بويىچە جىددىي ھالەتكە كىرىپ، چاغانلىق دەم ئېلىشنى پۈتۈنلەي بىكار قىلىپ، بارلىق خادىملار يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشكە تەييارلاندى؛

خۇنەن، جياڭشى قاتارلىق جايلار چوڭ سانلىق مەلۇماتلارنى تەھلىل قىلىش ۋە دائىرىلەپ سىپلىشتۇرۇش شەكلىنى قوللىنىپ، رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى يولغا قويدى؛

بېيجىڭ، تيەنجىن قاتارلىق جايلار ئۆلكىلەرئارا ئۇزۇن يوللۇق يولۇچىلار نۆۋەتچى ئاپتوبۇسى ۋە ساياھەت كۆتۈرە ئاپتوموبىللىرىنى ۋاقتىنچە توختىتىپ، يۇقۇمنىڭ يولدا يولۇچى توشۇش ئارقىلىق تارقىلىشىنى قاتتىق تىزگىنلىدى.

……

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتە ئومۇمىي خەلق ھەرىكەتتە ——

خۇبېي سەھىيە - ساغلاملىق سىستېمىسىدىكى بارلىق خادىملار دەم ئېلىشتىن ۋاز كېچىپ، ئىش ئورنىدا چىڭ تۇردى، 500 مىڭدىن ئارتۇق تېببىي خادىم يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، قۇتقۇزۇش - داۋالاش بىرىنچى سېپىدە جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلىۋاتىدۇ.

كەڭ تېببىي خادىملار بەس - بەستە جەڭگە قاتنىشىشنى ئىلتىماس قىلىپ، يۇقۇم رايونىغا قاراپ ئاتلاندى.

ۋۇخەندە، خۇبېيدا، پۈتۈن جۇڭگودا، بىر مەيدان بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇلماقتا.

يۇقۇم ھامان ئۆتۈپ كېتىدۇ، باھار جەزمەن يېتىپ كېلىدۇ!

يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر پۈتۈن كۈچ بىلەن تاقابىل تۇرۇپ، جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەدىكىلەر پائال ھەرىكەتكە كېلىپ، ئىشەنچنى چىڭىتىپ، جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولۇپ، ئىلمىي ئالدىنى ئېلىپ - تىزگىنلەپ، دەل جايىدا تەدبىر قوللانسا، جەزمەن بۇ مەيدان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلالايمىز.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 1 - ئاينىڭ 26 - كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان)**

---

(بېشى 1 - بەتتە)

تۆتىنچى، كاپالەتلەندۈرۈشنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش كېرەك. تۈرلۈك ئامىللار بىلەن ماددىي ئەشيا ۋە كۈچ كاپالىتىنى كۈچەيتىپ، كۆپ خىل يوللار ئارقىلىق ماسكا، مۇداپىئە بۇيۇملىرى، داۋالاش دورىلىرى، داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى قاتارلىق ئاممىۋى سەھىيە ۋە داۋالاش - ساقلىق ساقلاش ئۈپرىما ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش ئارقىلىق، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

بەشىنچى، يېتەكلەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. يۇقۇم ئەھۋالىنى ۋاقتىدا، توغرا، ئىلمىي، ئاشكارا ئېلان قىلىپ، ئالاقىدار سىياسەت - تەدبىرلەرنى تەشۋىق قىلىش، يېشىپ چۈشەندۈرۈشنى كۈچەيتىپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەرگە پائال ئىنكاس قايتۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنى كەڭ تەشكىللەپ، سەپەرۋەر قىلىپ، ئىشەنچنى چىڭىتىپ، ھەممە بىر نىيەتكە كېلىپ، قىيىن ئۆتكەلدىن بىللە ئۆتۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئۈچۈن ياخشى كەيپىيات يارىتىپ، جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ئالتىنچى، مەسئۇلىيەتنى يەنىمۇ چىڭىتىش كېرەك. يۇقۇم — بۇيرۇق، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش — مەسئۇلىيەت. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى، ھۆكۈمەتلەردىكى رەھبىرىي كادىرلار، بولۇپمۇ ئاساسلىق رەھبىرىي كادىرلار ئىش ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئالدىدا ئۆتۈپ قوماندانلىق قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنىڭ بىرىنچى سېپىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، ۋاقتىدا دادىل ئوتتۇرىغا چىقىپ يېتەكچىلىك قىلىپ، يۇقۇم ئەھۋالىنى ۋاقتىدا ئىگىلەپ، ۋاقتىدا ھەرىكەت قوللىنىپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىش، مەسئۇلىيەت ئالدىدا جاۋابكار بولۇش، مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىشنى قەتئىي ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىكى سىياسىي مەسئۇلىيەت ۋە خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، پۇختىلاپ، بايلىقنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، زىچ ماسلىشىپ ھەمكارلىشىپ، توسۇپ زەربە بېرىش بىرىكمە كۈچىنى شەكىللەندۈرۈپ، تەشكىلىي رەھبەرلىك جايىدا بولۇش، خىزمەت مەسئۇلىيىتى جايىدا بولۇش، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرى جايىدا بولۇش، ئومۇمىيۈزلۈك رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش جايىدا بولۇش، ئۈنۈملۈك ئايرىش جايىدا بولۇش، ئىلمىي قۇتقۇزۇش - داۋالاش جايىدا بولۇشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ كۈچلۈك، تەرتىپلىك، ئۈنۈملۈك ئالغا سىلجىتىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى لى پېڭشىن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى كونكرېت ئورۇنلاشتۇردى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

خەلق ئاممىسىنىڭ چاغاننى تىنچ - خاتىرجەم ئۆتكۈزۈشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى، ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك سەپەرۋەر قىلىش، ئومۇمىيۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرما قىلىش، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەيتىشىگە ئېنىق يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى، مىزان بىلەن تەمىنلىدى.

خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ ۋۇخەن شەھىرى قاتارلىق جايلاردا يېقىندىن بۇيان يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى كەينى - كەينىدىن يۈز بەردى، باش شۇجى شى جىنپىڭ باشتىن - ئاخىر يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، كۆپ قېتىم يىغىن ئېچىپ، كۆپ قېتىم دوكلات ئاڭلاپ، مۇھىم يوليورۇق بېرىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى، ھۆكۈمەتلەر ھەم ئالاقىدار تارماقلاردىن ئەتراپلىق لايىھە تۈزۈپ، ھەرقايسى تەرەپلەردىكى كۈچلەرنى تەشكىللەپ، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى قانات يايدۇرۇپ، ھەقىقىي ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، يۇقۇمنىڭ يامراش ھالىتىنى قەتئىي توسۇشنى تەلەپ قىلدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، گوۋۇيۈەن كۆپ قېتىم يىغىن ئېچىپ، تەتقىق قىلىپ ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، بىرتۇتاش پىلانلاپ ئورۇنلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىدىكى مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا تەتقىق قىلدى، ھەل قىلدى، تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرى كۈچلۈك، تەرتىپلىك قانات يايدۇرۇلماقتا. بۇ قېتىمقى يىغىندا مۇنداق قارار قىلىندى: پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرىدۇ، بۇ گۇرۇپپا مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرىدۇ. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى خۇبېي قاتارلىق يۇقۇم ئېغىر رايونلارغا يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، ئالاقىدار جايلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش بىرىنچى سېپىدىكى خىزمەتلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەيتىشكە تۈرتكە بولىدۇ. بۇ، بىزنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىشىمىزدا مۇھىم، زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

ۋىرۇسقا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان ماددىي ئەشيالار كېچىلەپ توشۇلدى؛ ھاياتلىققا كۈچ ئۇلاش ئۈچۈن، تېببىي خادىملار جىددىي ئاتلاندى. يۇقۇم يۈز بەرگەندىن كېيىن، مۇناسىۋەتلىك تارماقلار ۋە جايلار پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەشنى كۈچەيتىپ، بىرقەدەر قىسقا ۋاقىتتىلا كېسەل مەنبەسىنى ئېنىقلاپ، ئاغرىقلارنى پائال قۇتقۇزۇپ، داۋالاپ، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى تەرتىپلىك قانات يايدۇردى. ھەرقايسى جايلار جىددىي ھەرىكەتكە كېلىپ، ئېغىر، زور تاسادىپىي ئاممىۋى سەھىيە ۋەقەسىگە قارىتا جىددىي ئەھۋاللارغا تاقابىل تۇرۇش 1 - دەرىجىلىك لايىھە مېخانىزمىنى كەينى - كەينىدىن يولغا قويدى، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار ۋۇخەنگە جىددىي ياردەم قىلىپ، يۇقۇمغا ئورتاق تاقابىل تۇردى. پۈتۈن مەملىكەتتىكى كەڭ تېببىي خادىملار يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنىڭ بىرىنچى سېپىدە جەڭ قىلدى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما بولۇپمۇ خۇبېيدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما ئىش ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، ماسلىشىپ ھەرىكەتلىنىپ، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتتى، نورمال ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپىنى ئورتاق قوغدىدى. پۈتۈن مەملىكەت خەلقى يۇقۇم ئەھۋالىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ، پائال ياردەم قولىنى سۇنۇپ، بىرلىكتە مەدەت - ئىلھام بەردى.

ھەممە بىر نىيەتتە ئىنتىپاقلاشسا، ھالقىپ ئۆتەلمەيدىغان تاغ يوق؛ كۆڭۈللەر، قوللار تۇتاشسا، ھەل بولمايدىغان قىيىنچىلىق يوق. ئىشەنچنى چىڭىتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش ئۈچۈن، قەتئىي بوشاشماي پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تۈرلۈك تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. يىغىننىڭ تەلىپى بويىچە، تۈرلەرگە ئايرىپ ھەرقايسى جايلارنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىگە يېتەكچىلىك قىلىپ، يۇقۇملانغان ئاغرىقلارنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قۇتقۇزۇش، داۋالاش، كەڭ داۋالاش - ساقلىقنى ساقلاش خادىملىرىغا كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ئۇلارنى ياخشى قوغداش كېرەك، قانۇن بويىچە ئىلمىي، تەرتىپلىك ئالدىنى ئېلىپ - تىزگىنلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنىڭ ئىلمىيلىكى ۋە ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرۈش كېرەك، يۇقۇم ئەھۋالىنى دەل ۋاقتىدا، توغرا، ئوچۇق - ئاشكارا ئېلان قىلىپ، چېگرا ئىچى - سىرتىدىكىلەرنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىگە ئىنكاس قايتۇرۇش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، بىرتۇتاش رەھبەرلىك قىلىش، بىرتۇتاش قوماندانلىق قىلىشنى كۈچەيتىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى، ھۆكۈمەتلەردىكى رەھبىرىي كادىرلار، بولۇپمۇ ئاساسلىق رەھبىرىي كادىرلار ئىش ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئالدىدا ئۆتۈپ قوماندانلىق قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش جېڭىدە سىناقلارغا بەرداشلىق بېرىشى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنىڭ بىرىنچى سېپىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، ۋاقتىدا دادىل ئوتتۇرىغا چىقىپ، يېتەكچىلىك قىلىپ، يۇقۇم ئەھۋالىنى ۋاقتىدا ئىگىلەپ، ۋاقتىدا ھەرىكەت قوللىنىپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىش، مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك.

ھاياتلىق تېشىدىن تېخىمۇ قەدىرلىك. خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى قوغدىغانلىق ئەسلى مەقسىتىمىزنى قوغدىغانلىق. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلاردىكى كادىرلار باشتىن - ئاخىر خەلق بىلەن بىللە بولۇپ، باشتىن - ئاخىر پۇقرالار ئويلىغاننى ئويلاپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلىسىلا، بىز يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە چوقۇم غەلىبە قىلالايمىز.

**(1 - ئاينىڭ 26 - كۈندىكى «خەلق گېزىتى»گە بېسىلغان)**

---

# جىددىي ئەھۋاللارغا تاقابىل تۇرۇش 1 - دەرىجىلىك لايىھە تەدبىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك

## —— ئاپتونوم رايونلۇق كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەركىزى جىددىي ئەھۋاللارغا تاقابىل تۇرۇش - بىرتەرەپ قىلىش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ شياۋجۈننى زىيارەت

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز لىيۇ يى

1 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون ئېغىر، زور تاسادىپىي ئاممىۋى سەھىيە ۋەقەسىگە قارىتا جىددىي ئەھۋاللارغا تاقابىل تۇرۇش 1 - دەرىجىلىك لايىھەسىنى يولغا قويدى، بۇ تەدبىر نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ ئامما يەنە قانداق تاقابىل تۇرۇشى كېرەك؟ 1 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، مۇخبىر ئاپتونوم رايونلۇق كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەركىزى جىددىي ئەھۋاللارغا تاقابىل تۇرۇش - بىرتەرەپ قىلىش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ شياۋجۈننى زىيارەت قىلىپ، ئوقۇرمەنلەرگە ئالاقىدار سىياسەت ھەم تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرىنى چۈشەندۈردى.

**ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قانۇن بويىچە ئېغىر، زور تاسادىپىي ئاممىۋى سەھىيە ۋەقەسىگە قارىتا جىددىي ئەھۋاللارغا تاقابىل تۇرۇش 1 - دەرىجىلىك لايىھەسىنى يولغا قويغانلىقى ھازىرقى ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋەزىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ**

ۋاڭ شياۋجۈن مۇنداق تونۇشتۇردى: ئېغىر، زور تاسادىپىي ئاممىۋى سەھىيە ۋەقەسىگە قارىتا جىددىي ئەھۋاللارغا تاقابىل تۇرۇش لايىھەسى — تاسادىپىي ئاممىۋى سەھىيە ۋەقەسى يۈز بەرگەندە، ۋەقە يۈز بەرگەن جايدىكى ھۆكۈمەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋەزىيىتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئۆز مەمۇرىي رايونى ئىچىدىكى جىددىي ئەھۋاللارغا تاقابىل تۇرۇش بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتىنى تەشكىللىشى، ماسلاشتۇرۇشىنى كۆرسىتىدۇ.

ۋاڭ شياۋجۈن مۇنداق دېدى: تاسادىپىي ئاممىۋى سەھىيە ۋەقەسىنىڭ خاراكتېرى، خەۋپ دەرىجىسى، چېتىلىش دائىرىسىگە ئاساسەن، تاسادىپىي ئاممىۋى سەھىيە ۋەقەسى پەۋقۇلئاددە چوڭ (1 - دەرىجىلىك)، چوڭ (2 - دەرىجىلىك)، چوڭراق (3 - دەرىجىلىك) ۋە ئادەتتىكى (4 - دەرىجىلىك) دەپ تۆت دەرىجىگە ئايرىلىدۇ.

1 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئاپتونوم رايونىمىزدا يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغى دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان تۇنجى كېسەللىك مىسالى بايقالغاندىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ئىككى ۋىلايەت، ئوبلاستتا سىرتقى ئۆلكىلەردىن ئاپتونوم رايونىمىزغا كىرگەن، ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئىككى كېسەللىك مىسالى بايقالدى. ھازىرقى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋەزىيىتىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى مەسلىھەتلىشىپ، ھۆكۈم قىلىپ مۇنداق قاردى، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تاسادىپىي ۋەقەلەرگە تاقابىل تۇرۇش قانۇنى» «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش قانۇنى» «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تاسادىپىي ئاممىۋى سەھىيە ۋەقەسىگە جىددىي تاقابىل تۇرۇش تەييارلىق لايىھەسى» ۋە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمەت لايىھەسى» قاتارلىق قانۇن - نىزاملار ۋە ئالاقىدار لايىھەگە ئاساسەن، ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى جىددىي ئەھۋاللارغا تاقابىل تۇرۇش لايىھەسىنى يولغا قويۇش شەرتىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەتقىق قىلىپ قارار قىلىشى ئارقىلىق، ئېغىر، زور تاسادىپىي ئاممىۋى سەھىيە ۋەقەسىگە قارىتا جىددىي ئەھۋاللارغا تاقابىل تۇرۇش 1 - دەرىجىلىك لايىھە يولغا قويۇلدى.

**كۆپچىلىك شەخسىي تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىشى، زۆرۈر بولمىغان ئۇچرىشىشلارنى ئازايتىشى كېرەك**

ۋاڭ شياۋجۈن تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: ئېغىر، زور ئاممىۋى سەھىيە ۋەقەسىگە قارىتا جىددىي ئەھۋاللارغا تاقابىل تۇرۇش 1 - دەرىجىلىك لايىھەسى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، كۆپچىلىك سىرتقا چىقىشنى ئامال بار ئازايتىشى، يېپىق، ھاۋا ئۆتۈشمەيدىغان ئاممىۋى سورۇنلار ۋە ئادەم زىچ توپلاشقان سورۇنلارغا بېرىشتىن ساقلىنىشى كېرەك. سىرتقا چىققاندا ماسكا تاقىشى، يۇقۇم رايونىدىن قايتقان خادىملار بىلەن ئۇچرىشىشنى ئامال بار ئازايتىشى، ۋۇخەن قاتارلىق يۇقۇم يۈز بەرگەن جايلارغا بېرىش پىلانىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشى كېرەك.

كۆپچىلىك ياخشى تۇرمۇش ئادىتىنى ساقلاپ، قەرەللىك ھالدا دېرىزىنى ئېچىپ، ئۆينىڭ ھاۋاسىنى ئالماشتۇرۇپ تۇرۇشى كېرەك. يۆتەلگەندە، تاماقتىن بۇرۇن، ھاجەتتىن كېيىن، ھايۋاناتلارنىڭ چىقىرىندىلىرى بىلەن ئۇچراشقان ياكى بىر تەرەپ قىلغاندىن كېيىن، ئېقىپ تۇرىدىغان سۇ+سوپۇن ياكى قول يۇيۇش سۇيۇقلۇقى بىلەن قولنى يۇيۇشى، ياكى ئىسپىرت تەركىبلىك يۇيۇۋېتىش ھاجەتسىز قول يۇيۇش سۇيۇقلۇقى ئىشلىتىشى، ھەر قېتىم قولنى ئاز دېگەندە 20 سېكۇنت يۇيۇش كېرەك. يۆتەلگەندە ۋە چۈشكۈرگەندە قەغەز ئىشلىتىش ياكى يەڭ بىلەن ئېغىز - بۇرۇننى توسۇۋېلىپ، چاچراندىلارنىڭ تارقىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى كېرەك.

ۋاڭ شياۋجۈن مۇنداق دېدى: خۇبېي ۋۇخەندە تۇرۇش تارىخى بولغان كىشىلەر تەشەببۇسكارلىق بىلەن دوكلات قىلىشى، تەلەپ بويىچە ئايرىۋېتىلىشى كېرەك. ئۆزى ياكى ئائىلىسىدىكىلەردە قىزىش، ماغدۇرسىزلىنىش، قۇرۇق يۆتىلىش قاتارلىق نەپەس سىستېمىسى كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلسە، تېزدىن ماسكا تاقاپ دوختۇرخانىنىڭ قىزىتما ئامبۇلاتورىيەسىگە بېرىپ كۆرۈنۈپ، تېببىي خادىملارغا يېقىنقى مەزگىلدىكى بىۋاسىتە ئۇچرىشىش ئەھۋالىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئېيتىپ، داۋالاش ئاپپاراتلىرىنىڭ ئىلمىي، ۋاقتىدا دىياگنوز قويۇپ داۋالىشىنى ئۈنۈملۈك ئۇچۇر بىلەن تەمىنلىشى كېرەك.

ۋاڭ شياۋجۈن مۇنداق تەكلىپ بەردى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، پاكىزلاش - تازىلاشنى پائال قانات يايدۇرۇپ، ۋىرۇس پەيدا بولىدىغان ۋە تارقىلىدىغان تۇپراقنى يوقىتىشى كېرەك. ھەرقايسى ئورۇن، سودا بازىرى قاتارلىقلار تازىلاش، تۈزەش خىزمىتىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، پاكىز، رەتلىك ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش مۇھىتى يارىتىشى كېرەك.

**سىرتقا چىقىشنى ئىمكانقەدەر ئازايتىپ، ئالدىنى ئېلىش ۋە قوغدىنىشنى ياخشى قىلىش ئىنتايىن مۇھىم**

ۋاڭ شياۋجۈن مۇنداق تونۇشتۇردى: كۆپچىلىك سىرتقا چىققاندا ماسكىنى توغرا تاقىشى كېرەك، داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان تاشقى كېسەللىك ماسكىسى، N95 تىپلىق ماسكا قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى نەپەس يولى يۇقۇملىنىش خەۋپىنى ئازايتالايدۇ، ئەگەر دائىم ۋوگزال، ئايروپورت قاتارلىق جايلارغا بارىدىغانلار بولسا ماسكىنى ئەڭ ياخشىسى 4 - 2 سائەتتە بىر قېتىم ئالماشتۇرۇشى كېرەك.

ۋاڭ شياۋجۈن مۇنداق دېدى: كۆپچىلىك قول تازىلىقىغا دىققەت قىلىشى، ئاممىۋى سورۇنلاردىكى ئىشىك تۇتقۇچى، يۆلەنگۈچ، لىفت كۇنۇپكىسىنى ئىمكانقەدەر تۇتماسلىقى، سىرتقا چىقىپ ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن ئالدى بىلەن قولنى ئەستايىدىل يۇيۇشى، يېڭى دېڭىز مەھسۇلاتلىرى، تىرىك بېلىق قاتارلىق يېمەكلىك ماتېرىياللىرىنى بىر تەرەپ قىلىپ بولغاندىن كېيىنمۇ قولنى ۋاقتىدا يۇيۇپ دېزىنفېكسىيە قىلىشى كېرەك.

ۋاڭ شياۋجۈن مۇنداق تەكلىپ بەردى: كۆپچىلىك لالما ئىت، مۈشۈكلەر بىلەن ئاز ئۇچرىشىشى، ياۋايى ھايۋانلار بىلەن ئۇچراشماسلىقى، تېخىمۇ مۇھىمى يېگىلى بولىدىغان ياۋايى ھايۋانلارنى سېتىۋالماسلىقى كېرەك. ئائىلىدە تاماق يېگەندە، ئورتاق ئىشلىتىلىدىغان چوكا تەييارلاپ، بۆلۈپ غىزالىنىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يىغىلىش پائالىيەتلىرىنى ئازايتىش كېرەك، ئوچۇق تاماق يېمەسلىكنى، ئېلېكترونلۇق ھېيتلاش قاتارلىق چاغانلىق بەخت تىلەش شەكلىنى قوللىنىپ، سىرتقا چىقىشنى ئىمكانقەدەر ئازايتىشنى تەۋسىيە قىلىمەن.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

بۇ، بىر مەيدان «ئىس - تۈتەكسىز، لېكىن ھايات - ماماتلىق» جەڭ بولۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقىغا مۇناسىۋەتلىك، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى جەزمەن ھازىرقى ئەڭ تەخىرسىز، ئەڭ مۇھىم سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، قاتتىق جەڭ قىلىش، مۈشكۈل جەڭ قىلىشتىكى ئىدىيەۋى تەييارلىق، خىزمەت تەييارلىقىنى ياخشى قىلىپ، ۋەزىيەتنى تېخىمۇ كەسكىنرەك مۆلچەرلەپ، قىيىنچىلىقلارنى تېخىمۇ تولۇقراق ئويلىشىپ، خىزمەت تەدبىرلىرىنى تېخىمۇ پۇختىراق تۈزۈپ چىقىشقا بولىدۇكى، بېپەرۋالىق قىلىشقا، بىخۇدلۇق قىلىپ تەلەي سىناشقا قەتئىي بولمايدۇ. تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، كىرىش مەنبەسىنى قەتئىي ئۈزۈپ تاشلاپ، ئاغرىقلارنى ئىلمىي قۇتقۇزۇش - داۋالاشنى كۈچەيتىپ، بىر تەرەپ قىلىش تەرتىپىنى ھەقىقىي قېلىپلاشتۇرۇپ، ئاممىۋى يىغىلىشنى قاتتىق باشقۇرۇپ - تىزگىنلەپ، ماددىي ئەشيا تەمىنات كاپالىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ھەر مىللەت ئاممىنى كەڭ كۆلەمدە سەپەرۋەر قىلىپ، تەشۋىقات - تەربىيە، يېتەكلەشنى ياخشى ئىشلەپ، جەمئىيەت مۇقىملىقىغا قەتئىي ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك.

ۋىرۇسقا قارشى كۈرەش قىلىپ، ھاياتلىق ئۈچۈن كۈچ ئۇلاشتا، جەزمەن مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىش، مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىش، ھەممە ئادەم مەسئۇل بولۇش كېرەك. «جىددىي ئەھۋاللارغا تاقابىل تۇرۇش 1 - دەرىجىلىك لايىھەسى» — «1 - دەرىجىلىك جەڭ تەييارلىقى» دېگەنلىكتۇر، يەنى ئەڭ تولۇق جەڭ سەپەرۋەرلىكى دېگەنلىك بولۇپ، بۇ مەيدان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە مۇناسىۋەتسىز ئادەم يوقلۇقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى، ھۆكۈمەتلەردىكى رەھبىرىي كادىرلار، بولۇپمۇ ئاساسلىق رەھبىرىي كادىرلار ئىش ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئالدىدا ئۆتۈپ قوماندانلىق قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش كۈرىشىدە سىناققا بەرداشلىق بېرىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنىڭ بىرىنچى سېپىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، ۋاقتىدا دادىل ئوتتۇرىغا چىقىپ يېتەكچىلىك قىلىپ، يۇقۇم ئەھۋالىنى ۋاقتىدا ئىگىلەپ، ۋاقتىدا ھەرىكەت قوللىنىپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىش، مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك. پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلار كۆپرەك جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرسە، پۇقرالارنىڭ سىرتقا چىقىشى بىر ئۆلۈش كۆپ بىخەتەر بولىدۇ، ساغلاملىقى بىر ئۆلۈش كۆپ كاپالەتلەندۈرۈلىدۇ، كۆڭلىمۇ بىر ئۆلۈش كۆپ ئەمىن تاپىدۇ. ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئىمكانقەدەر سىرتقا چىقماسلىقى، ئۆيىدە دەم ئېلىشى، ئۆزىنى ياخشى مۇھاپىزەت قىلىشى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشقانلىقتۇر.

قانچە مۈشكۈل بولغانسېرى شۇنچە ئالغا ئىلگىرىلەش كېرەك. خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقى ھەممىدىن ئەلا، خەلقنىڭ ھاياتى، ساغلاملىقىنى قوغداش تېشىدىن تېخىمۇ قەدىرلىك، بىز بوران - چاپقۇندىن قورقماي، خەۋپ - خەتەر، توسالغۇلاردىن قورقماي، تېخىمۇ كۈچلۈك تەدبىر، تېخىمۇ ئەمەلىي ئۇسۇل بىلەن، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ئىلگىرىلىشىمىز، جاسارەت بىلەن ئىشلىشىمىز كېرەك، پەقەت ئىشەنچنى چىڭىتىپ، جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولۇپ، ئىلمىي ئالدىنى ئېلىپ - تىزگىنلەپ، دەل جايىدا تەدبىر قوللانساقلا، بىز چوقۇم يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلالايمىز.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

يېمەك - ئىچمەك بۆلۈمى دېزىنفېكسىيە قىلىش ۋە ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى قاتتىق ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلدى؛ مېھمانخانا بۆلۈمى 84 دېزىنفېكسىيە سۇيۇقلۇقى ياكى لەيسۇشۇي بىلەن 298 ياتاقتىكى ھاۋا تەڭشىگۈچنىڭ شامال چىقىرىش ئېغىزى، تېلېفون، تىزگىنەك، توك بىلەن كونترول قىلىنىدىغان ئۇزچات قاتارلىقلارنى سۈرتتى ھەم مەخسۇس دېزىنفېكسىيە تۇڭى ۋە مەخسۇس دەسمال ئىشلەتتى، ھەر ئىككى سائەتتە بىر قېتىم مېھمانسارايدىكى بارلىق مېھمانلارنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچىدى، ئەگەر مېھمانلار ياكى ئىش ئورنىدىكى خىزمەتچىلەردە قىزىش قاتارلىق گۇمانىي ئالامەتلەر بايقالسا، دەرھال مېھمانسارايىنىڭ مەخسۇس خىزمەت گۇرۇپپىسى ھەم ئالاقىدار فۇنكسىيەلىك تارماقلارغا مەلۇم قىلدى.

1 - ئاينىڭ 26 - كۈنى سائەت 16لەردە، مۇخبىر ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى شىنجاڭ جيۇدىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى توپ سېتىش بازىرىغا باردى. بۇ بازار تاقالغان ھالەتتە بولسىمۇ، بازارنىڭ كىرىپ - چىقىش ئېغىزىدا يەنىلا دېجورنى خادىملار خىزمەت ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، كىرگەن ئاپتوموبىللارنى دېزىنفېكسىيە قىلىۋاتاتتى ھەم ئاپتوموبىللار ۋە شوپۇرلارنىڭ كەلگەن جايىنى تىزىملاۋاتاتتى.

1 - ئاينىڭ 26 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، مۇخبىر غۇلجا شەھىرىدىكى شىنماۋيې مال سېتىۋېلىش مەركىزىنىڭ كىرىش ئېغىزىدا خىزمەتچى خادىملارنىڭ مال سېتىۋېلىش مەركىزىگە كىرگەن خېرىدارلارنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەۋاتقانلىقىنى كۆردى. شىنجاڭ ماۋيې خەلقئارا سودا چەكلىك شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى جاڭ بىلىڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: 1 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن باشلاپ، مال سېتىۋېلىش مەركىزىنىڭ ئالتە كىرىش ئېغىزىدا خىزمەتچى خادىملارنى يەر يۈزىنى دېزىنفېكسىيەلەشكە، كىرگەنلەرنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەشكە ئورۇنلاشتۇردۇق، ئۇنىڭدىن باشقا تىجارەتچىلەرگە ھەقسىز ماسكا تارقىتىپ بېرىپ، ھەربىر دۇكاندارنىڭ ئالدىنى ئېلىش، قوغدىنىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىگە يېتەكچىلىك قىلدۇق.

كورلا شەھىرىدىكى ھاراق زىياپىتى، زىياپەتلەرنى ئۆتكۈزۈشنى ئۈستىگە ئالىدىغان 20 چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى يېمەك - ئىچمەك كارخانىسى 1 - ئاينىڭ 26 - كۈنىگىچە، خېرىدارلارنىڭ تەلىپى بويىچە 2453 ئۈستەللىك زىياپەتنى ئەمەلدىن قالدۇردى.

**(پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز فۇ شياڭلۇڭ، شيا چىڭ، جەزىرە نېسىپبېك، پەردات ئابدۇل، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز جاۋ شۇاڭ يازغان)**

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)